# خەلقنىڭ ئىشەنچى ۋە قوللىشى دۆلىتىمىزنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىدىكى كۈچ

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىياتنى پىلانلىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز، خەلقنىڭ ئىشەنچى ۋە قوللىشى دۆلىتىمىزنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىدىكى كۈچ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىگە توردا پىكىر ئېلىش پائالىيىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بەردى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىلەندۈرۈش كېرەك. باش شۇجى باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ غېمىنى يېدى؛ خەلق باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭ ئىرادىسى!

«بىزدەك 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار دۆلەتتە، ھەربىر ئادەم بىر ئۇلۇش كۈچ چىقارسىلا تاغنى تالقان قىلغۇدەك قۇدرەتلىك كۈچنى توپلىغىلى بولىدۇ، ھەربىر ئادەم بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارسىلا، بىر خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسىلا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى بىر قەدەم ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ».

«14 ـ بەش يىل»غا قەدەم قويۇلۇپ، يېڭى مۇساپە باشلاندى. دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، بىز يەنە ئورتاق بېيىش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىمىز، بۇ، بىر بۆلەك يېڭى ئۇزۇن سەپەر. «بىزنىڭ مەغرۇرلىنىپ ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىشكە، بوششىپ توختاپ قېلىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق، جەزمەن ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك».

2021 ـ يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە كالا يىلىدىكى چاغاننىڭ ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۈيجوۋغا بېرىپ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ۋۇمېڭ تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە، ۋۇجياڭ دەرياسى بويىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ئويغا چۆمدى: «بۇ يەردىكى چوڭقۇر ھاڭ، تىك قىيالاردىن ئەينى يىلى قىزىل ئارمىيەنىڭ ۋۇجياڭ دەرياسىدىن قانچىلىك تەستە بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ!»

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى كەڭ خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان پارتىيە، قۇرۇلغاندىن باشلاپلا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى پارتىيە بايرىقىغا يازغان. ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات قىلغىنىمىزغا 100 يىل بولدى، پارتىيەمىز خەلققە تايىنىپ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلارنى يەڭدى، نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ياراتتى، نۇرغۇن ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئاسان ئەمەس! بىز باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، داۋاملىق تىرىشىشىمىز، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك» دېدى باش شۇجى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن.

«بىز ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، بىزنىڭ جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشتى: جۇڭگو چوقۇم بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى چوقۇم بارغانسېرى بەختلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ دەۋردە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەممىمىز ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەر، شۇنداقلا تۆھپە قوشقۇچىلار، بىز ئىنتىپاقلىشىپ، خەلقنىڭ گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!»

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى (گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى) مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو چەت ئەل يېزىقى ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ تەھرىرلىگەن «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومى 2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى تەرىپىدىن جۇڭگو تىلى، ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا تارقىتىلدى.

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومىدا پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا يېڭى، مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جانلىق خاتىرىلەنگەن، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى مەركەزلىك نامايان قىلىنغان، پارتىيەمىزنىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئەقىل ـ پاراسەت لايىھەسى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان نوپۇزلۇق ئەسەر.

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 ـ، 2 ـ ۋە 3 ـ تومىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇكسەك دىققىتىنى تارتتى ۋە كەڭ كۆلەمدە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. نۆۋەتتە، بۇ ئەسەر 33 خىل تىلدا نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلىپ پۈتۈن يەر شارىدىكى 170تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوننى قاپلىدى.

ئىنگلىزچە، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومىنىڭ فىرانسۇزچە، رۇسچە، ئىسپانچە، ئەرەبچە، گېرمانچە، ياپونچە، پورتۇگالچە قاتارلىق تىللاردىكى نۇسخىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىۋېتىپتۇ. نۇرغۇن دۆلەتتىكى داڭلىق نەشر ئاپپاراتلىرى بەس ـ بەستە بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ شۇ جاينىڭ تىلىدىكى نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومىنى خەلقئارالىق ھەمكارلىشىپ تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ تونۇشىغا، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى بويىچە پىكىر ئالماشتۇرۇشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

---

ئاپتونوم رايون رەھبىرى ئۆزى مەسئۇل بولغان ئورۇنلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى

# ئورگان پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللەش كۈچى، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز ئۆزى مەسئۇل بولغان ئورۇنلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆزى مەسئۇل بولغان ئورۇنلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى قاتارلىق 13 ئورۇن پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پارتىيە گۇرۇپپا (پارتىيە كومىتېت)لىرى مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش ئەڭ چوڭ سىياسىي نەتىجە دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. سىياسىي قۇرۇلۇشنى پۇختا تۇتۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى پۇختا تۇتۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى پۇختا تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلامنى چىڭ تۇتىدىغان روشەن يۆنىلىشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى پۇختا تۇتۇپ، «تۆت خاھىش»نى قەتئىي بوشاشماي تۈزىشى كېرەك؛ ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى پۇختا تۇتۇپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىستىل بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭىتىپ، ئورگاندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىللەش كۈچى، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

---

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئورگىنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

# ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەشكىلات خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك

ئانار بولۇت \شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئورگىنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە ئورگاننىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۈتۈن يىلغا سىڭدۈرۈشتە، تەشكىلات خىزمىتى كادىرلىرى ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولۇپ، ئۆگىنىش نىشانى، ئۆگىنىش مەزمۇنى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىگىلەپ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈشكە، دائىم تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باش تەلىپى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۆنىلىشنى ياخشى ئىگىلەپ، يۆنىلىشنى توغرىلاپ، ئىستىلنى چىڭىتىپ، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، بىرلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، مەخسۇس تېمىلىق ئۆگىنىش، مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەش، «مەن ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەشكىلات خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشتا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى سەجىل ياخشىلاپ، پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولىدىغان، تەۋەلىك بويىچە مەسئۇل بولىدىغان، تارماقلار ماسلىشىدىغان، مەنبەدىن تۈزەيدىغان، پۈتۈن رايوننى قاپلىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تېز بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقنى چىڭ ساقلاپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، تىرىشىپ ئىنتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، «قۇرۇش»قا تىرىشىپ كۈچەپ، ئورتاق باشقۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش خىزمەت ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىش كېرەك. تەشكىلىي سىستېما قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ باشقۇرۇش ـ قوغداش كۈچىنى تولۇقلاپ، خىزمەت مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنى باشقۇرۇش مېخانىزمنى تېز بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ماسلىشىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى ئورتاق قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، «قوغداش»قا تىرىشىپ كۈچەپ، ئورمان ۋە ئوتلاق قاتارلىق ئېكولوگىيە سىستېمىلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. پۈتۈن جەريانلىق، ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن ساھە بويىچە قوغداشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەڭ قاتتىق بولغان ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، گۈزەل شىنجاڭدىكى ھەربىر سۆڭەك يېشىللىقنى ياخشى قوغداش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، «بەرپا قىلىش»قا تىرىشىپ كۈچەپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ۋە ئوتلاقنىڭ ئۈنۈمپىرسال يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. «يېشىللىقنى ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ ئىشنى ياخشى قىلىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئورمان بىنا قىلىش ـ كۆكەرتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى سەجىل قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق يېشىللىق بەرپا قىلىش، يېشىللىقنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، گۈزەل يېزا ـ كەنتلەرنى سەجىل كۆكەرتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، چۆل ـ باياۋان، قاقاس تاغلارنى سەجىل كۆكەرتىپ، كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىش ئەندىزىسىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، «ئىشلىتىش»كە تىرىشىپ كۈچەپ، ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنىڭ ئۈنۈمپىرسال ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. ئورمانچىلىق تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورمان، ئوتلاق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، زامانىۋى باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك ساياھەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئورمان، ئوتلاقنىڭ ئالاقىدار كەسپلەر بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، كاربون يىغىش سودا بازىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئېكولوگىيەنى تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئورمانچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئاممىنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پارتىيەگە، تارىخقا، خەلققە، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؛ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ئورمان باشلىقلىرى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك. قاتتىق نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ باھالاپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇر ئېلان قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان ئىستېرېئولۇق باشقۇرۇش ـ قوغداش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش؛ تەكشۈرۈپ باھالاش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىق، مۈلۈكلىرىنى ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندا ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش تۈزۈمى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈش جاۋابكارلىقىنى ئۆمۈرلۈك سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، يول، شەكىللەرنى بېيىتىپ، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە قويۇق كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى كەسكىن بولغان مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي تۈردە پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئەزالىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورمان باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، دۆلەت ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مەخسۇس خادىمى ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداش، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداش ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.